ئىسلام ئاساسلىرى

# ھەج






مەنبە: أركان الإسلام

# ھەج

ئىبادەت نىيىتى بىلەن بەلگىلەنگەن ئورۇن ۋە ۋاقىتلاردا خاس شەكىلدە مەككىدە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر ھەج دەپ ئاتىلىدۇ.



# هەج قىلىش ئۇسۇلى




هەج ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ بىرىدۇر.
ئىمكانىيىتى بار مۇسۇلمان كىشىگە
ئۆمرىدە بىر قېتىم هەج قىلىش
ۋاجىب بولىدۇ.
هەج قىلماقچى بولغان مۇسۇلمان
ئالدى بىلەن مەككە-مۇكەررەمدىكى
ئۇلۇغ كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ۋە
هەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش
نىيىتىدە سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

# ئىھرام باغلاش

ئاندىن كېيىن ھەج ياكى ئۆمرىنى
نىيەت قىلىپ، ئىھرام كىيىملىرىنى
كىيىپ تەلبىيە ئېيتىدۇ.
بۇ «ئىھرام باغلاش» دېيىلىدۇ.






# تەلبىيە ئېيتىش

لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْك.
إِنَّ الْحَمْدَ، وَالنِّعْمَةَ، لَكَ وَالْمُلْكَ، لاَ شَرِيكَ لَكَ.

**تەرجىمىسى:**

ئى ئاللاھ مەن ھازىر بولدۇم، مەن ھازىر بولدۇم، سېنىڭ ھېچبىر شېرىكىڭ يوقتۇر، مەن ھازىر بولدۇم. شۈبھىسىزكى، جىمى گۈزەل مەدھىيەلەر، بارچە نېمەتلەر ۋە پۈتۈن پادىشاھلىق ساڭا تەئەللۇقتۇر. مەن ھازىر بولدۇم، سېنىڭ ھېچبىر شېرىكىڭ يوقتۇر.






# تاۋاپ قىلىش


ئاندىن مەككىگە كەلگەندە
كەئبە ئەتراپىنى يەتتە قېتىم
ئايلىنىدۇ.
بۇ «تاۋاپ قىلىش» دېيىلىدۇ.






## سەئيي قىلىش

كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەفا تېغى بىلەن مەرۋە تېغىنىڭ ئارىسىدا يەتتە قېتىم تېز-تېز ماڭىدۇ.
بۇ «سەئيي قىلىش» دېيىلىدۇ.






# منادا قونۇش

ئاندىن كېيىن «منا» دېگەن
ئورۇنغا بېرىپ قونىدۇ.






# ئەرەفاتتا تۇرۇش

ئاندىن ئەرەفات تېغىدا تۇرۇپ
ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ.
ئاندىن «مۇزدەلىفە» دېگەن جايغا
كېلىپ شېغىل تاشلارنى تېرىيدۇ.






# تاش ئېتىش


ئاندىن كېيىن «جەمرە ئەقەبە»
دېيىلىدىغان چوڭ تاشنىڭ
تۈۋرۈكلىرىگە مۇزدەلىفەدە
تەرگەن ئۇششاق تاشلارنى
«ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئاتىدۇ.






# قۇربانلىق قىلىش

ئاندىن كېيىن زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10 - كۈنى، يەنى قۇربان ھېيت كۈنى قۇربانلىقلارنى كەمبەغەل ۋە مۇھتاج كىشلەرگە تارقىتىدۇ. ئۇ كۈندە يەنە چاچ-ساقاللارنى قىسقارتىدۇ ياكى چۈشۈرىدۇ.





# ۋىدالىشىش تاۋاپى

ئەڭ ئاخىرىدا كەئبىنىڭ ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ ۋىدالىشىش تاۋاپى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەج پائالىيەتلىرى ئاخىرلىشىدۇ.



